شىنجاڭ گېزىتى
新疆日报 شينجياڭ گازەتى

2019-يىل 12-ئاي
11
چارشەنبە
维吾尔文 12 月11日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   24906-سان   بۈگۈن 8 بەت

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار گەپ-سۆزلىرىگە ئىنكاس قايتۇردى:

ھەۋەس قىلسا بولىدۇ قارا چاپلاشنى قوبۇل قىلمايمىز

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12-ئاينىڭ 10-كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋېن شىن) ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا ئازاب ئېلىپ كەلدى دېگەن سۆزىگە قارىتا، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۇنيىڭ 12-ئاينىڭ 10-كۈنى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭگودىن ئىبارەت 56 مىللەتلىك چوڭ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى، جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بېرىلگەن تولۇق ھوقۇق-مەنپەئەت ۋە ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ، جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى كەڭ مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلەن قويۇق دوستانە مۇناسىۋىتى بار. «بۇلارغا قارىتا، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ھەۋەس قىلىشىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، لېكىن ئامېرىكا تەرەپ ئىغۋا تارقاتسا، قارا چاپلىسا، بوھتان چاپلىسا، بۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ».

شۇ كۈندىكى قەرەللىك مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، بىر مۇخبىر مۇنداق سورىدى: 12-ئاينىڭ 7-كۈنى، ئامېرىكا ئارمىيەسى ھىندى ئوكيان-تىنچ ئوكيان سلىگبۇسىنىڭ سلىگى داۋىدسون نەنخەي دېڭىزى،

(ئاخىرى 3-بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولغان بىر يىلدا

ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ئىگىلىكىدىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىندى

ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى بولتۇرقىدىن 230 مىڭ توننا ئاشتى، پاختا كەسپىنىڭ ئەۋزەللىك ئورنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى

مۇخبىرىمىز لىيۇ يېنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى، يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىنىشىچە، يېزا ئىگىلىكىدە تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەن، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا يەنە مول ھوسۇل ئېلىنغان. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 15 مىليون 270 مىڭ تونناغا يېتىپ، بولتۇرقىدىن 230 مىڭ توننا ئاشقان؛ پاختا ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتىنىڭ ئۈنۈمى مۇقىم ئۆسكەن، ماشىنىدا يىغىۋېلىش كۆلىمى تۇنجى قېتىم 11 مىليون 500 مىڭ مولۇق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتكەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇشتەك ئورنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەنگەن.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئۆزۈلۈك ئاشلىقنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكى ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەش ئىقتىدارىغا كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ «مىقدار»دىن «سۈپەت»كە ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. پۈتۈن يىلدىكى ئاشلىق تېرىش ئومۇمىي كۆلىمى 33 مىليون 60 مىڭ مو بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مىقدارى 614 كىلوگرامغا يېتىپ، «يەيدىغانىدىن غەم قىلماسلىق» ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلغان. بۇ جەرياندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون «ئاشلىقنى يەر ئارقىلىق ساقلاش، ئاشلىقنى تېخنىكا ئارقىلىق ساقلاش» ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۈپەتلىك ئۇرۇقتا ياخشى ئۇسۇلنى ياندىشتۇرۇش، سۇغىرىش بىلەن ئوغۇتلاشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قاتارلىق يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا ئەندىزىسىنى نۇقتىلىق كېڭەيتىپ،

(ئاخىرى 3-بەتتە)

12-ئاينىڭ 10-كۈنى، ئىشچىلار پاختا تايلىرىنى دەستىلەپ قويماقتا. 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا يېڭى پاختىنى ئامبارغا كىرگۈزگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پاختا-چىگە شىركىتى ئۈرۈمچى پاختا-چىگە پونكىتى پاختا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئامبىرى جەمئىي 47 مىڭ توننا يېڭى پاختىنى ئامبارغا كىرگۈزدى، جەمئىي 12 مىڭ 113 توننا پاختىنى ئامباردىن چىقاردى.
☐ مۇخبىرىمىز لى رۇي فوتوسى

ئىستون سۆزى

2019-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق يىل.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن خۇشاللىنارلىق مول ھوسۇل ئېلىندى، سانائەت سۈپىتى، ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، «13-بەش يىل»دىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ۋەزىپىسى پۈتۈنلەي تاماملاندى... يىل ئاخىرىغا يېقىنلاشقاندا، شىنجاڭ كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان 2019-يىللىق نەتىجە قەغىزىنى تاپشۇرۇپ، شىنجاڭ تۈپرىقىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. بۇ بىر يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا سىجىل تۈرتكە بولدى. بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز «يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولغان بىر يىلدا» يىل ئاخىرىدىكى ئېدىتلاش يۈرۈشلۈك خەۋەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، بىر يىلدىن بۇيانقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى تەرەققىيات يارقىن نۇقتىلىرىنى رەتلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئەمەلىيەت، يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك نامايان قىلىدۇ.

جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە خالىغانچە قارا چاپلاشقا ۋە ئۇنى بۇرمىلاشقا بولمايدۇ

——خەلقئارادىكى زاتلار ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»گە رەددىيە بەردى

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019-يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىدى. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىغا ھەدەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان نىيەتتە ھۇجۇم قىلىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. گېزىتىمىزنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان خەلقئارادىكى زاتلار بەس-بەستە مۇنداق بىلدۈردى: ئامېرىكىنىڭ مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» بىمەنە، ئاساسسىز بولۇپ، ئاق-قارىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلغانلىق، ئامېرىكا ئالدى بىلەن ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشى كېرەك.

«قانۇن لايىھەسى» جۇڭگوغا بوھتان چاپلىغانلىق ۋە ئارىلاشقانلىق

ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى ماكسىملىئان كرات مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: شۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلىنىشقا بولمايدۇكى، شىنجاڭنىڭ ئىشى نوقۇل جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ئامېرىكىنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ئۇسۇلى پاكىتقا تامامەن ھۆرمەت قىلمىغانلىق، قوش ئۆلچەم قوللانغانلىق، بۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئۇرۇندى. بۇ قىلمىش جۇڭگو-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئوبرازىغىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ.

فرانسىيە زافېير ياۋروپا-ئاسىيا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، يەر سىياسەتشۇناسى بېي ۋېنجياڭ مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» روشەنكى جۇڭگوغا بوھتان چاپلىغانلىق. ھەممىگە ئايان، جۇڭگو شىنجاڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنى كەسپىي ماھارەت تەلىم-تەربىيەسى بىلەن تەمىنلىدى. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى»دە جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېتىبارسىز قارالدى، ماھىيەتتە ئۇ تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك ۋە تېررورلۇق كۈچلىرىنى قوللىغانلىق.

رۇسىيە موسكۋا داشۆسىنىڭ دوتسېنتى ئالېكساندىر نائۇموف گېزىتىمىز مۇخبىرىغا مۇنداق دېدى: ئامېرىكىنىڭ بۇ قىلمىشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇپ، قاتتىق جازالىنىشى كېرەك.

(ئاخىرى 3-بەتتە)

چەت ئەللەردىكى زاتلار ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقنى ئەيىبلىدى

شىنجاڭ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر:
«قانۇن لايىھەسى» ھەقىقىي ئەھۋالغا كۆز يۇمدى «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» سۈيىقەستى جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ

2-بەتتە

我们的生活充满阳光
“还是妈妈做的饭香”
“每一天都充满希望”

بۈگۈن 4-بەتكە مەخسۇس خەۋەر بېرىلدى

بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز قۇياش نۇرىغا تولدى

——كەسپىي ماھارەت تەلىم-تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تۇرمۇش، خىزمىتىدىن كۆرۈنۈشلەر (1)

پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆرسەتكۈچلىرىدە يىللىق نىشان مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلاندى

مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، تۇرمۇش خاتىرجەم بولدى

☐ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا

«خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىز بۇ يەردە ئىشلەيمىز، ئايدا 5000-4000 يۈەن كىرىم قىلىمىز، ئۆيىمىزنى بېزىۋالدۇق، ئۆي جاھازلىرى، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى بار بولدى، كېيىنكى قەدەمدە مەن شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىپ، ئاپتوموبىل سېتىۋالماقچى بولۇۋاتىمەن.» 12-ئاينىڭ 8-كۈنى، ئاقسۇ لېيىنفا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ خادىمى ئەكرەم تۇرسۇننىڭ سۆزلىرىدىن كەلگۈسى بەختلىك تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇسى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى. بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆرسەتكۈچلىرىدە يىللىق نىشان-ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندىدى. «مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»نىڭ نەتىجە-ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان ئەمگەكچى ئەكرەمگە ئوخشاش مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، كۆڭۈللىرى ئۈمىدكە تولدى.

(ئاخىرى 6-بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

دۆلەت كارخانىلىرى «كەنتتە تۇرۇپ، يېزىنى يېتەكلەش» بويىچە تور تەسىس قىلىپ، كەسىپلەرنى كۈچەيتىپ

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا دەل جايىدا كۈچىدى

مۇخبىرىمىز شى شىن، پىراكتىكانت جاۋ شىڭمىيىڭ ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش باشقۇرۇش كومىتېتىدىن ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش باشقۇرۇش كومىتېتى نازارەت قىلىپ باشقۇرغان كارخانىلار جەمئىي 149 تۈردە قۇرۇلۇش باشلاپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىگە تۈرتكە بولغان، ھازىرغىچە 11 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان.

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش باشقۇرۇش كومىتېتى 2018-يىلى «دۆلەت كارخانىلىرى كەنتتە تۇرۇپ، يېزىنى يېتەكلەش بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش» ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاشنى كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى قىلدى. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش، سېتىش ۋە سۈپەتلىك ماركا قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتتى؛ كۆلەم، ساھە، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش نۇقتىسى ۋە نامراتلارنى نىشانلىق يۆلەش نۇقتىلىرىنى ئاساس قىلىپ، «ئۆمەك تەشكىللەش» شەكلىدىكى نامراتلارنى كەسىپ ئارقىلىق يۆلەش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، تۆت بىرىكمە كۈچ ئۆمىكى تەشكىللەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ،

(ئاخىرى 3-بەتتە)

خۇشال قار تېيىلىش

12-ئاينىڭ 8-كۈنى، قار تېيىلىش ھەۋەسكارى شىنجاڭ يىپەك يولى خەلقئارا ئارامگاھىدا قار تېيىلماقتا. قىش كۈنلىرى تېمپېراتۇرىنىڭ تەدرىجىي تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چوڭ قار تېيىلىش مەيدانلىرى ئارقا-ئارقىدىن تىجارەت باشلىدى، قار تېيىلىش ھەۋەسكارلىرى بەس-بەستە كېلىپ قار تېيىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىقتىن بەھرىلەندى.
☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى دىڭ لېي فوتوسى

ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوننىڭ باجدىن خالىي ئەشيا ئوبوروت ئىقتىدارى گەۋدىلەندى

ئالدىنقى 11 ئايدىكى ئىمپورت سودا قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئالتە ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى

مۇخبىرىمىز چېن چياڭۋېي خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى 11 ئېيىدا، ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىنىڭ ئىمپورت مال سودا قىممىتى 4 مىليارد 307 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.59 ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، باجدىن خالىي ئەشيا ئوبوروتى مال سودا قىممىتى 4 مىليارد 200 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.8 ھەسسە ئېشىپ، ئىمپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 97.5%نى ئىگىلەپ، باجدىن خالىي ئەشيا ئوبوروت ئىقتىدارى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گەۋدىلەندى.

ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىدا تەسىس قىلىنغان باجدىن خالىي پورت رايونى ئىقتىدارىغا ئىگە تاموژنا ئالاھىدە نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش رايونى بولۇپ، باجدىن خالىي پىششىقلاش، باجدىن خالىي ئەشيا ئوبوروتى، مال سودىسى، مۇلازىمەت سودىسى، مەۋھۇم پورتتىن ئىبارەت بەش چوڭ ئاساسلىق ئىقتىدارغا ئىگە. شىنجاڭدىكى تۇنجى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى پورت رايون ئەشيا ئوبوروتى ئەۋزەللىكى ۋە ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايون سىياسىتىنىڭ گىرەلەشمە ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، ئەشيا ئوبوروتى تىجارىتىنى ئەلالاشتۇرۇش،

(ئاخىرى 7-بەتتە)